شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 1 - ئاي
17
جۈمە
维吾尔文 1 月17日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24943 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ تەكلىپ بويىچە ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى رۇەن فۇجوڭ بىلەن تېلېفونلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەكلىپ بويىچە ۋيېتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى رۇەن فۇجوڭ بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل جۇڭگو - ۋيېتنام دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا جۇڭگو - ۋيېتنام ئىككى دۆلەت سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇساپىسىدىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل. مەن ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرام چاغانىنى ئورتاق كۈتۈۋېلىش

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

«مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇنىۋېرسال ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» «19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4 - نۆۋەتلىك كۆزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلات» «2019 - يىللىق مەركەز كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ نۆۋەتلىك خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات»نى قاراپ چىقتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، «مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇنىۋېرسال ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات»، «19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 4 - نۆۋەتلىك كۆزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلات» ۋە «2019 - يىللىق مەركەز كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ نۆۋەتلىك خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات»نى قاراپ چىقتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىلىرىنىڭ ۋە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ 2019 - يىللىق خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۇلارنىڭ 2020 - يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قوشۇلدى. يىغىندا مۇنداق قارالدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، بەش پارتگۇرۇپپا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ بىرما تاراتقۇلىرىدا ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلدى

مىڭ يىللىق قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ يېپيېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق پۈتەيلى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، بىرما فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتىدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇش ئالدىدا، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بىرمىنىڭ «بىرما نۇرى»، «ئەينەك گېزىتى»، «بىرما يەرشارى يېڭى نۇر گېزىتى»دە بىرلا ۋاقىتتا «مىڭ يىللىق قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ يېپيېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق پۈتەيلى» دېگەن تېمىدا ئىمزالىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالە تۆۋەندىكىچە:

مىڭ يىللىق قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ يېپيېڭى سەھىپىسىنى داۋاملىق پۈتەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ

زۇڭتۇڭ ۋىن مىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو بىلەن بىرمىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە بىرمىدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدىغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. 2009 - يىلى مەن بۇ گۈزەل زېمىندا زىيارەتتە بولغان. بىرمىنىڭ گۈزەل، تېپىنچ مەنزىرىسى، رەڭدار مەدەنىيىتى، ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل خەلقى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. مەن بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق، بىرمىدىكى دوستلار بىلەن «قېرىنداشلىق» مېھرىنى ئورتاق بايان قىلىپ، ھەمكارلىق ئۇلۇغۋار پىلانى توغرىسىدا ئورتاق سۆزلىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭگو بىلەن بىرمىنىڭ تاغ - دەريالىرى تۇتاش، ئەۋلادمۇئەۋلاد قوشنا بولۇپ ئۆتۈپ كەلدى. بىرما تىلىدا «پاۋبو» دېگەن سۆز بىر تۇغقان قېرىنداشلار دېگەن مەنىدە. ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئەزەلدىن قېرىنداشلاردەك ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن، «قېرىنداشلىق» مېھرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 - ئەسىردىلا ئەجدادلىرىمىز سىچۈەن، يۈننەن، بىرما، ھىندىستاننى كېسىپ ئۆتىدىغان «ئالتۇن - كۈمۈش چوڭ يولى»نى ئېچىپ، بېرىش - كېلىش، سودا ئالاقىسى قىلغان. جۇڭگونىڭ گۈللەنگەن تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە، بىرما پيۇ پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى ئۇسسۇلچى، سازەندىلەرنى باشلاپ ئۇزۇن يول يۈرۈپ چاڭئەندە زىيارەتتە بولغان، ئاتاقلىق شائىر بەي جۈيى قولىغا قەلەم ئېلىپ مەڭگۈ ئۆچمەس «پيۇ پادىشاھلىقى كۈينامىسى»نى يېزىپ چىققان. بىرما ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ يېڭى جۇڭگونى ئېتىراپ قىلغان. ئىككى دۆلەتنىڭ پېشقەدەم رەھبەرلىرى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، جۇڭگو - بىرما مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. زۇڭلى جوۋ ئېنلەي بىرمىدا توققۇز قېتىم زىيارەتتە بولغان، ئۇنىڭ ئۈچىسىغا بىرمىنىڭ مىللىيچە كىيىمنى كىيىپ، بىرما خەلقى بىلەن بىللە سۇ چېچىش بايرىمىنى تەبرىكلىگەن كۆرۈنۈش ھازىرغىچە تىللاردا داستان بولۇپ كەلمەكتە.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنىڭ غايە - ئېتىقادىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرايلى

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

غايە - ئېتىقادنىڭ قەتئىيلىكى ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتىكى سەگەكلىكتىن، قەتئىيلىكتىن كېلىدۇ. ھەقىقەتنى تونۇش، ھەقىقەتنى ئىگىلەش، ھەقىقەتكە ئېتىقاد قىلىش، ھەقىقەتنى قوغداش قەتئىي غايە - ئېتىقادنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

«ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنىڭ غايە - ئېتىقادىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇش»، 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، «يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيەلەش، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەملىشى، مەنىۋى كالتسىينى تولۇقلىشى، ئىدىيە رولىنى چىڭ تۇتۇشىدا مۇھىم، زور يېتەكچىلىك رولىغا ئىگە.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار مۇنداق بىلدۈردى —

ئەسلى مەقسەتنى چىڭتۇتۇپ، بۇرچنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتۈپ چىقىمىز

ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مەسئۇلىيەتنىڭ مۇھىم، زورلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: قەتئىي ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئارقىلىق ئىدىيە، ھەرىكىتىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «قاتتىق بولۇش» ئاساسىي رىتىمدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى چىڭتۇتۇپ، بۇرچنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتۈپ چىقىمىز.

■ «ئىككىنى قوغداش»تىكى سىياسىي ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىش

شىنجاڭ ئىبرەت تەربىيەسى مەركىزىنىڭ مۇدىرى ئابلەت ئابلىمىت مۇنداق دېدى: «ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ‹تۆت ئاڭ›نى كۈچەيتىپ، ‹تۆت ئىشەنچ›نى چىڭىتىپ، ‹ئىككىنى قوغداش›نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئېنىق سىياسىي مىزان ۋە تۈپ سىياسىي تەلەپ قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

كۇچا شەھىرى تەۋەسىدە 5.6 بال يەر تەۋرىدى

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، ئاممىنى دەرھال تارقاقلاشتۇرۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش، ئىسسىقلىق ساقلاش ۋە خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سائەت 16دىن 32 مىنۇتلار ئۆتكەندە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كۇچا شەھىرى تەۋەسىدە 5.6 بال يەر تەۋرىدى، تەۋرەش مەركىزى شىمالىي كەڭلىك 41.21 گرادۇس، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 83.60 گرادۇستا بولۇپ، تەۋرەش مەنبەسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 16 كىلومېتىر، كۇچا شەھەر رايونىغا تەخمىنەن 78 كىلومېتىر كېلىدۇ. دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە ھازىرچە تالاپەت كۆرۈلمىگەن؛ ھازىرغا قەدەر 71 ئورۇندىكى ئۆي زىيانغا ئۇچرىغان، 29 ئورۇندىكى قورشاۋ تامغا دەز كەتكەن، ئۈچ ئورۇندىكى قورشاۋ تام ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. كۇچا شەھىرى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ توك، سۇ، گاز بىلەن تەمىنلىنىشى، خەۋەرلىشىشى نورمال بولغان، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى نورمال بولغان.

يەر تەۋرەش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، خەتەرلىك جايلاردىكى ئاممىنى دەرھال تارقاقلاشتۇرۇپ خەتەردىن ساقلىنىپ، جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنى تېزدىن يولغا قويۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، قار تېيىلىش ھەۋەسكارلىرى قار تېيىلىش ماھارىتى كۆرسەتمەكتە. شۇ كۈنى، 2019 — 2020 - يىللىق مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى قىشلىق تەنھەرىكەتنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى(ئالاھىدە مەيدان) ئالتاي شەھىرىدىكى جياڭجۈن تېغى قار تېيىلىش مەيدانىدا باشلاندى.

☐ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى خەن لياڭ فوتوسى

مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى قىشلىق تەنھەرىكەتنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى(ئالاھىدە مەيدان) باشلاندى

ئۇچتۇرپان «ياڭاق ئائىلىسى»نىڭ بازىرى ئىتتىك بولدى

☐ **گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى جاڭ جىلى، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز خاۋ لىڭ**

چاغانغا ئاز قالدى، ئۇچتۇرپان ناھىيەسى ئىچكىرى رايونلارغا ماڭدۇرىدىغان خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە، ياڭاق ئەمدى نوقۇل ھالدا ياڭاق ۋە ياڭاق مېغىزى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ خىل تۈردىكى، كۆپ خىل تەمدىكى «ياڭاق ئائىلىسى» بولۇپ قالدى.

ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ چۈەنيۈ شىڭكۇڭ خەلقئارا قار تېيىلىش مەيدانىنىڭ مۇلازىمەت زالىدا، نۇرغۇن قەغەز ياڭاق، ياڭاق مېغىزى، ياڭاق سوقمىقى، ياڭاق تالقىنى، ياڭاق يېغى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېلانلىرى بار. ئۇچتۇرپان ناھىيەسى بەرپا قىلغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئالاقە توردا سېتىش سۇپىسىدىكى ««ياڭاق› سىز بىلەن بىللە»»دە، ياڭاق مېغىزى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەسلىي تەمى، دېڭىز تۇزى تەمى، ھەسەل تەمى قاتارلىق كۆپ خىل تەملىكلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يىللىق خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشى جانلاندى، ئۇچتۇرپان ناھىيەسى بازارغا سالغان ياڭاق يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرى باشقا جايلاردىكى ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپلا قالماي، يەنە يەرلىكتىكى كىشىلەرنىڭمۇ كۆزىنى چاقناتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

ئونسۇ ناھىيەلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئايگۈزەل موللىقۇربان:

ئۆزۈمنى ھازىر ناھايىتى ھەقىقىي ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلدىم

ئاغزاكى بايان خاتىرىسى

مېنىڭ ئىسمىم ئايگۈزەل موللىقۇربان، ئۆيۈم ئونسۇ ناھىيەسىدە. ئىلگىرى مەن خۇشخۇي، ئوچۇق - يورۇق، ئۆزۈمگە ئىشىنەتتىم، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشقا ئامراق ئىدىم، لېكىن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى ئورىۋېلىپ، خىزمىتىمدىن ئىستىپا بېرىپلا قالماي، يەنە ئېرىم بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشكە تاسلا قالغانىدىم. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى خۇددى ئالۋاستىغا ئوخشاش ياشلىق باھارىمنى يۇتۇۋالغانىدى، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى ماڭا ئۆزۈمنى قايتا تونۇتتى.

2013 - يىلى، مەن بىر كىشلىك خىزمەت تېپىپ، گاز قاچىلاش پونكىتىدا ئىشلىدىم، ھەر ئايدا 3500 يۈەن مائاش ئالاتتىم. بىر كۈنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر ساۋاقدىشىم تۇيۇقسىز مېنى ئىزدەپ كېلىپ، سەن مۇسۇلمان تۇرۇپ، ناماز ئوقۇمايدىكەنسەن، نىقابلىق كىيىممۇ كىيمەيدىكەنسەن، يەنە خەنزۇلارنىڭ دۇكىنىدا ئىشلەيدىكەنسەن، ئۆلگەندىن كېيىن دوزاخقا كىرىسەن، دېدى. ئۇ ماڭا خەنزۇلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلما، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «كاپىر» دېدى. ئۇ يەنە ماڭا نۇرغۇن زوراۋانلىق، تېررورلۇق ئۈن - سىنلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تەسىرىدە، مېنىڭ ئىدىيەمدە ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش بولدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)